Community Resilience
to Foreign Interference

يېڭى زېلاندىيەگە چەتئەللىك ئارىلىششى

يېڭى زېلاندىيە بىخەتەرلىك ئاخبارات ئىدارىسى (NZSIS) چەتئەللىك ئارىلىششىنى چەتئەللىك ھەرىكىتى دەپ ئېنىقلىما بېرىدۇ، ھەممىشە ۋاكالەتچى ئارقىلىق ھەرىكەت قىلىدۇ، بۇ ئالدامچىلىق، چىرىكلىك ياكى مەجبۇرلاش ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق يېڭى زېلاندىيەنىڭ دۆلەت مەنپەئەتىگە تەسىر كۆرسىتىش، بۇزۇش ياكى ئاغدۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. نورمال دىپلوماتىك پائالىيەت، لوببىچىلىق ۋە باشقا ھەقىقىي، ئوچۇق-ئاشكارە تەرىشچانلىقلار ئارىلىشىش دەپ قارالمايدۇ.

بۇ ئۇچۇر جەدۋەلدە «چەتئەل دۆلىتى» يېڭى زېلاندىيەدىن باشقا دۆلەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئاتالغۇ يېڭى زېلاندىيە سىرتىدىكى دۆلەتلەرنى كۆرسىتىدۇ.

چەتئەللىك ئارىلىششى ئېرقى مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكىگە زىيان يەتكۈزىدۇ

قاچان چەتئەللەر ئۆزىنىڭ مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن يېڭى زېلاندىيەگە ئارىلاشقاندا، بۇچەتئەللىك ئارىلىششى دېيىلىدۇ .بۇ چەتئەل دۆلەتلىرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى يېڭى زېلاندىيەنىڭ جەمئىيىتى، قىزىقىشنى ۋە ھەرىكىتىنى كونترول قىلىش ۋە ئۆزگەرتىش. ئۇلار بۇنداق قىلىش ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ تەسىر ۋە كونتروللۇققا ئىگە بولالايدۇ .

چەتئەللىك ئارىلىششى يېڭى زېلاندىيەنىڭ مۇستەقىللىقى، دېموكراتىيىسى، ئىقتىسادى، ئىناۋىتى ۋە جەمئىيەتلىرىگە زىيان يەتكۈزىدۇ .يېڭى زېلاندىيەدىكى ئېرقى مىللەتلەر چەتئەللەرتەرىپىدىن خالمىغان كۆڭۈل بۆلۈش، بىخەتەرلىك ھېس قىلماسلىق ۋە ئۇلارنىڭ ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكىگە زىيان يېتىدۇ .دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى نورمال دىپلوماتىك پائالىيەتلەر چەتئەللىك ئارىلىششى ھىساپلانمايدۇ .

ئېرقى مىللەتلەر تويغا چەتئەللىك ئارىلىششى قانداق بولىدۇ؟

ئېرقى مىللەتلەر تويغا چەتئەللىك ئارىلىششىنى كۆرۈش تەس .بۇ يەردە چەتئەل دۆلىتى ياكى يېڭى زېلاندىيەدە تۇرۇشلۇق بىركىشى چەتئەللىك ئارىلىششى بىلەن شۇغۇللانغانلارنىڭ چەتئەلگە ئارىلىشىش پائالىيەتلىرىنىڭ بىر قانچە مىسالى بار:

- مەھەللە ياكى مەھەللە تەشكىلاتلىرى / گۇرۇپپىلىرىنى كونترول قىلىش ۋە قورقۇتۇشقا ئۇرۇنۇش
- جەمئىيەت ۋە ئۇلارنىڭ ھەرىكىتنى پاراكەندىچىلىك سېلىش، قورقۇتۇش ۋە كونترول قىلىش ئۈچۈن رەسمىي ھۆججەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ياكى تارقىتىشنى رەت قىلىش
- يېڭى زېلاندىيەدىكى كىشىلەرنىڭ ۋىزا ، پاسپورت ياكى باشقا رەسمىي ھۆججەتلىرىنى ئېلىپ كېتىش ياكى تەھدىد سېلىش ئارقىلىق مەھەللە ۋە ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى پاراكەندە قىلىش، قورقۇتۇش ۋە كونترول قىلىش
- يېڭى زېلاندىيەدە تۇرۇشلۇق كىشىلەرگە ياكى ئۇلارنىڭ چەتئەللەردە ياشايدىغان ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا تەھدىت سېلىش (ئىجتىمائىي ئالاقە تورى ئارقىلىق تەھدىت ۋە پاراكەندىچىلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)
- چەتئەل دۆلىتى كىشىلەرگە تەھدىت سېلىش ياكى قورقۇتۇش ئارقىلىق كىشىلەرنى ئاززوسىغا
- چەتئەل دۆلىتى كىشىلەرگە تەھدىت سېلىش ياكى قورقۇتۇش ئارقىلىق، ئۇلارنى رۇخسەتسىز كۆزىتىش ۋە جەمئىيەتنى نازارەت قىلىش

- بەزى گۇرۇپپىلار ياكى مەھەللىلەرگە تەھدىت سېلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ چەتئەلنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان كۆز قاراش ياكى پىكىرلىرىنى ئوچۇق-ئاشكارە ئورتاقلىششىنىڭ ئالدىنى ئېلىش
- چەتئەلنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان كۆز قاراش ياكى پىكىرلىرىنى ئوچۇق-ئاشكارە ئورتاقلىششىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ يېڭى زېلاندىيەدە يۈز بەرگەن پالىيەتلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى توسۇشقا ئۇرۇنۇش
- چەتئەلدىن كەلگەن تەھدىدلەرنى يېڭى زېلاندىيەدىكى جەمئىيەتكە يەتكۈزۈش
- سايلام ۋە باشقا دېموكراتىك جەريانلارنىڭ خىزمەت ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشىش

بۇ مەزمۇندىن ئېلىندى NZSIS’s 2024 report: New Zealand’s Security Threat Environment